# بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەپەردىكى چاغدا روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سورىۋېدى، جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر خالىساڭ تۇتقىن، خالىمىساڭ تۇتمىغىن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ھەمزە ئىبنى ئەمرى ئەلئەسلەمىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەپەردە روزا تۇتىمەنمۇ؟ دەپ سورىۋېدى، (ئۇ كۆپ روزا تۇتىدىغان ئادەم ئىدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر خالىساڭ تۇتقىن، خالىمىساڭ تۇتمىغىن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خەۋەر بەرگەن ھەدىستە، ھەمزە ئىبنى ئەمرىۋ ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ سەپەر ئۈستىدە روزا تۇتىدىغانلىقىنى دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارلىقىنى بېرىپ: ئەگەر خالىساڭ روزا تۇتقىن، خالىساڭ تۇتمىغىن! دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ يەردىكى روزىدىن بولغان مەقسىتى پەرز روزا ئىدى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ، ئاللاھ تائالادىن بولغان رۇخسەت، دېدى. بۇ گەپ، ئۇ ساھابىنىڭ پەرز روزا ھەققىدە سورىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ داۋۇد كەلتۈرگەن يەنە بىر ھەدىستە، ئۇ ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئۇلۇغۇم بار شۇنىڭغا مىنىپ سەپەر قىلىمەن ۋە كىراغا سالىمەن، بەلكى رامىزان ئېيىدىمۇ مېنىڭ روزا تۇتۇشقا كۈچۈم يېتىدىغان ھالەتتە ئاشۇنداق ئۇدۇل كېلىشى مۇمكىن، دېدى. بۇنىڭدىن سەپەر ھالىتىدە روزا تۇتماسلىق ئاللاھ تائالادىن بېرىلگەن رۇخسەت ئىكەنلىكى، كىمكى بۇ رۇخسەتنى ئالسا توغرا، كىمكى روزا تۇتسا ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت ۋە تۇتقان روزىسى پەرز روزىغا ھېساب بولىدۇ. تەيسىيرىل ئەللام (3- توم، 325- بەت)، تەنبىھۇل ئەفھام (3- توم، 429- بەت)، تەئسسۇل ئەھكام (3- توم، 237- بەت)

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4507